# مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ئايەتنى ئوقۇپ ئىككى بارمىقىنى قويغانلىقىنى كۆردۈم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادگەردىسى بولغان ئەبۇ يۇنۇس سۇلەيم ئىبنى جۇبەيردىن رىۋايەت قىلىنىپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: {شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى، ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (ئىشىڭلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر} دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئايەتنى ئوقۇپ ئىككى بارمىقىنى قويغانلىقىنى كۆردۈم، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: {شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى، ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (ئىشىڭلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر} دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ ئايەتنى ئوقۇپ، باش بارمىقىنى قۇلىقىغا، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆزىگە قويغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالاغا كۆرۈش ۋە ئاڭلاش دېگەن ئىككى سۈپەتنى ئىسپاتلاشنى تەكىتلەپ، بۇ ئارقىلىق ئايەتنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلايدىغانلارغا رەددىيە بېرىدۇ، بۇنىڭدا مەخلۇقاتقا ئوخشىتىش يوق، چۈنكى ئاللاھ تائالا: {ھېچ نەرسە ئاللاھقا ئوخشىمايدۇ، ئۇ (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (ئىشىڭلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر} دېگەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دەلىللەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىش شۇنى تەلەپ قىلىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8310